## 13213 ـ خىرۇم پەلتۇ-چاپانلارنى كېيىش توغرىسىدا

### سۇئال

توڭگۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن پەلتۇ-چاپانلارنى كىيىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تېرە ئاشلانسا پاكىز بولىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۆلگەن ئۇلاغنىڭ تېرىسىنى ئاشلاش، ئۇنى پاكىزلاشتۇر» (ئۆلگەن ئۇلاغنىڭ تېرىسى ئاشلاش بىلەن پاك بولىدۇ). ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا، بۇ ھەدىس بارلىق تېرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ ياكى بوغۇزلاش بىلەن پاك بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە خاس بولامدۇ؟ دېگەندەك پەرقلىق قاراشلاردا بولدى.

ھەقىقەتەن ئالىملارنىڭ توغرا قارشىغا كۆرە، كالا، تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىق بوغۇزلاش بىلەن ھالال بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئاشلاش بىلەن پاك بولىدۇ، ئۇنى ھەرقانداق ئىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئەمما توڭگۇزنىڭ، ئىتنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بوغۇزلاش بىلەنمۇ ھالال بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئاشلاش بىلەن پاك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا پەرقلىق قاراشلار بار.

ئېھتىيات يۈزىسىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسگە ئەمەل قىلغانلىقتىن: «كىمكى شەكلىك ئىشلاردىن ساقلانسا ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاپ قالغان بولدى» ۋە «سېنى شەككە تاشلىغان ئىشنى تەرك قىلىپ، شەككە تاشلىمايدىغان ئىشنى قىلغىن».

بۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىشلەتمەسلىك ياخشىدۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.